# ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ چىن دىلىدىن گۇۋاھلىق بەرسە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاختا سالمايدۇ

ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىر ئۇلاقتا مىنگەشتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئى مۇئاز بىن جەبەل!» دىدى، مۇئاز: خوش ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! خىزمەتلىرىگە ھازىرمەن دىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئى مۇئاز بىن جەبەل!» دىدى، مۇئاز: خوش ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! خىزمەتلىرىگە ھازىرمەن دىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ مۇنداق دىدى:«ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ چىن دىلىدىن گۇۋاھلىق بەرسە ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاختا سالمايدۇ» مۇئاز: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بۇ سۆزنى كىشىلەرگە خەۋەر قىلىپ خۇش بىشارەت بىرەيمۇ؟ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:«ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار بۇ سۆزگە تايىنىۋالىدۇ ھازىر خەۋەر بەرمىگىن »دىدى. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولىدىغان ۋاقىتتا ئىلىمنى يوشۇرغانىنىڭ گۇناھى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى بايان قىلىپ بەرگەن.

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

مۇئاز بىن جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئۇلاغدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ كېتىۋاتقاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنى چاقىرىپ: ئى مۇئاز؟ دەپ تكرار ئۈچ قېتىم چاقىردى، بۇنىڭدىن بولغان مەقسەت دەيدىغان سۆزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر. ئۈچ قېتىملىق چاقىرىقنىڭ ھەممىسىگە، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خوش ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! خىزمەتلىرىگە ھازىرمەن، سىلىگە جاۋاپ بىرىش بىلەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن دەپ جاۋاپ بەردى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: كىمكى ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەقىقى مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رەسۇلى دەپ چىن دىلىدىن سەمىمىيلىك بىلەن گۇۋاھلىق بىرىپ شۇ ھالەتتە ۋاپات بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى دوزاختا كىرگۈزمەيدۇ دىدى. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنى خۇرسەن قىلىش ۋە ئۇلارغا بۇ ياخشىلىقتىن خوش بىشارەت بىرىشنى سورىغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ بۇ سۆزگە تايىنىۋېلىپ، ئەمەلنى ئاز قىلىشىدىن ئەنسىرەپ خەۋەر بەرگىلى رۇخسەت قىلمىدى. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ ھەدىسنى سۆزلىمىدى، ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئىلىمنى يوشۇرغانىنىڭ جىنايىتىگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى خەۋەر بەردى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/10098